# مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشتى  بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتتى

## —— 2019 - يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگەن ئەڭ گۈزەل شەخس»لەر توغرىسىدا (2)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

چېگرا رايونغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چېگرا رايون جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە كۈرىشى بار، ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتىدىغان مىللىي قېرىنداشلىرى بار، ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بار...

پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 2019 - يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگەن ئەڭ گۈزەل شەخس» نامزاتلىرىنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى.

تەسىرلىك ھېكايىلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشنىڭ تەسىرلىك مېلودىيەسىگە ئايلاندى.

### كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇش: چېگرا رايوندىكى پۇقرالارنى ئۇرۇق - تۇغقىنىدەك كۆرۈش

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان، تيەنجىندىن كېلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىر شى شىمىڭ ئۇدا ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىگەنلىكتىن تۇيۇقسىز قاناش خاراكتېرلىك مېڭە سەكتىسى قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 2019 - يىلى 1 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن 43 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. كېسەللى قوزغىلىشتىن بۇرۇن، شى شىمىڭ تېخى خىزمەتداشلىرىغا ھەپتە ئاخىرىدا «كىچىك ئانار»نى كۆرۈپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى.

شى شىمىڭ غېمىنى قىلغان «كىچىك ئانار» بىر ئۇيغۇر قىزچاق. 2017 - يىلى 4 - ئايدا، ھامىلدار ئايال مەيمۇنخان ئېغىر دەرىجىدە قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ داۋالىنىشقا پۇلى بولماي قالغاچقا، شى شىمىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئىئانە توپلاپ، مەيمۇنخاننىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى ھەم بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن «كىچىك ئانار» دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشايلى دېگەن مەنىدە ئىدى. شى شىمىڭ ھوشسىز ياتقان مەزگىلدە، مەيمۇنخان كېسەلخانىنىڭ سىرتىدا ئۆكسۈپ يىغلىدى. شى شىمىڭنىڭ قوشماقلاشقان «تۇغقان»ى تۇنساخاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ICU كېسەلخانىسىغا ئەكىرىپ بېرىش ئۈچۈن قۇرۇق ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كەلدى...

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ساقچى يې شيۇك قۇتۇبى ناھىيەسى ئەرشىلدەن بازىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقان ئىسرايىل ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن «تۇغقان»لاشتى. 2017 - يىلى، 50 ياشلىق ئىسرايىل ئەما بولۇپ قالغاچقا، ئېتىزدا ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، يىغقان ئازغىنا پۇلىنىمۇ كىچىك ئوغلىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىپ بولغانىدى. يې شيۇك ئىسرايىل ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردەك كۆرۈپ كۆڭۈل بۆلدى، ياردەم بەردى. «قول تۇتۇشۇپ تۇرغانسېرى گېپىمىز كۆپىيىدۇ، كۆڭلىمىز يېقىنلىشىدۇ، بىزمۇ بارغانسېرى يېقىن بولۇپ كېتىمىز» دېدى يې شيۇك.

2013 - يىلى چېن ياۋپېڭ خوتۇنى بىلەن خېنەن لوخېدىن شىنجاڭ ئاقسۇغا كېلىپ، بەشتوگمەن يېزىسىنىڭ ئارالەڭگەر كەنتىدە ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. بىر قېتىم قۇرۇلۇش ئورنىدىكى سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالدى، ئۇيغۇر قېرىنداش تۇرسۇن توختى ئۆزلۈكىدىن ياردەملىشىپ رېمونت قىلىپ بەردى، چېن ياۋپېڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلەندى. تۇرسۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بىلىپ، چېن ياۋپېڭ بۇ ئائىلىدىكىلەرگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

قاما توشقان بېقىشتا تەجرىبىسى بار چېن ياۋپېڭ تۇرسۇنغا توشقان بېقىشنى ئۆگىتىشنى قارار قىلدى. دەسلەپكى باققان بەش نەسىللىك توشقان ھازىر كۆپىيىپ 3000دىن ئاشتى، بۇلتۇر تۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ توشقان بېقىشتىن قىلغان كىرىمى 270 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىپ، توشقان بېقىش لاپىسى سالدى، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. تۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ ئائىلىمىزگە يەتكۈزگەن مېھىر - شەپقىتىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ!»

«مائارىپقا ياردەم بېرىش بىزنى شىزاڭدا نۇرغۇن «تۇغقان»غا ئىگە قىلدى.» بۇ خۇبېي ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر شۆيۈەنى «كېسان گۈلى» مائارىپقا ياردەم بېرىش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ تەسراتى.

چيۇگچېي ناھىيەسى شىزاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ئاجىز ئىدى. 2014 - يىلى، خۇبېي شياگياڭ شەھەرلىك شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىشخانىسى بىلەن خۇبېي ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر شۆيۈەنى مەكتەپتىكى مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلىرىنى تاللاپ، چيۇگچېي ناھىيەلىك ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپىغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. ئەڭ دەسلەپكى بىر يىلدا بىر تۈركۈمدىن بىر يىلدا ئىككى تۈركۈمگىچە، خۇبېي ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر شۆيۈەنىنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىشقا ئەۋەتكەن ئەترەت ئەزاسى سەككىز تۈركۈمدە جەمئىي 37 ئادەم قېتىمغا يەتتى. مائارىپقا ياردەم بېرىش ئەترىتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزاسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىزاڭغا قايتىپ خىزمەت قىلدى. چوڭقۇر دوستلۇق خۇددى گۈزەل كېسان گۈلىدەك خۇش پۇراق چاچتى.

### ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش: چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى مۇقەددەس بىلىش

بۇ يىل 59 ياشقا كىرگەن گو گۈيفاڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 5 - شىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى (خۇاڭگاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى 5 - شى شۆبە مەكتىپى)نىڭ مەكتەپ مۇدىرى. 2014 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، ئۇ شىنجاڭدا ئۇدا بەش يىلغا يېقىن خىزمەت قىلدى. سەھەردە، ئۇ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقتى؛ كەچتە، ئوقۇغۇچىلار ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيىگە قايتتى. لاۋ گو شىنجاڭدا پېنسىيەگە چىققۇچە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

2016 - يىلى 7 - ئايدا، ئەينى چاغدىكى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى جياڭسۇ شىركىتى لىيەنيۈنگاڭ شۆبە شىركىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن باش دىرېكتور دوۋەن يۈپېڭ شىزاڭغا بېرىپ، ئالى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، گەيزې ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. 1000دىن ئارتۇق كېچە - كۈندۈزدە، دوۋەن يۈپېڭ جاپالىق تىرىشىپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپ بالىلىرىنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈپ، گەيزې ناھىيەسىگە بېيىش «باھار شامىلى»نى ئېلىپ كەلدى.

2010 - يىلى 7 - ئايدا، شەنشى ئۆلكىسى خەنجۇڭ شەھەرلىك دوختۇرخانا تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى لو مىڭ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ 6 - تۈركۈمدە شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇ ئاغرىقلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يان تېلېفونىنى 24 سائەت ئوچۇق قويۇپ، قانچىلىك ھېرىپ - چارچاپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر كۈنى ئاغرىقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردى، جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلار كەلگەندە چاقىرغان ھامان يېتىپ كەلدى.

«مېنىڭ قەلبىم ئالىدا، ئۇ يەر ماڭا موھتاج.» شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئاخىرلىشىپ شەنشىگە قايتقاندىن كېيىن لو مىڭ دائىم ئالىدىكى يۇرتداشلارنىڭ ئۈمىدلىك قاراشلىرىنى ئەسلەپ تۇردى. 2018 - يىلى 3 - ئايدا لو مىڭ يەنە ئالى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلدى.

### ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش: قېرىنداشلارنىڭ ئېھتىياجىنى بۇرچ دەپ بىلىش

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، گۇاڭدۇڭ جۇخەيلىك دوختۇر گۈەن يەنپىڭ يۈننەن ئۆلكىسى نۇجياڭ لىسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىڭجۇڭلو بازىرىغا كەلدى. ئۇ كەنتلەرنى، ئائىلىلەرنى ئارىلاپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئارخىپ يېزىپ، ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالىدى. ئېگىز تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدىكى 46 كەنت، گۇرۇپپىغا ئۇ تۆت قېتىم باردى.

مۇخبىر ئىلگىرى گۈەن يەنپىڭ بىلەن بىللە كەنتكە بارغانىدى. تاغ يولى بۇلۇتلۇق تۇمان بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر ھاڭ ۋە تىك قىيالاردا ئېسىلىپ دېگۈدەك تۇراتتى، ئات - قېچىرنىڭ تۇياق ئىزىنى بويلاپ، قول - پۇتنى تەڭ ئىشقا سالغاندىلا ئاندىن ئۆستەڭگە چىققىلى بولاتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ، گۈەن يەنپىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە، شىندىيەنتۇ ئۇسكۈنىسى، داۋالاش سومكىسى، دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا قاتارلىق بۇيۇملارنى يۈدۈپ، بەزىدە يامىشىپ، بەزىدە مېڭىپ، تاغ ئىچىگە 300 نەچچە قېتىم كىرىپ، 3000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كېسەل كۆرۈپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئامما تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل «سېۋەت يۈدۈگەن دوختۇر» دەپ تەرىپلەندى.

2015 - يىلى 10 - ئاينىڭ بېشىدا، خۇنەندىن شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىر ۋۇ گوچياڭنىڭ شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇددىتى ئاخىرلاشاي دېگەن ۋاقىتتا، شەننەن شەھىرى گۇڭگا ناھىيەسىدە تۇيۇقسىز يۇقۇم ئەھۋالى يۈز بېرىپ، قوي - كالىلار بىر - بىرلەپ يىقىلدى، پۇقرالارنىڭ ئازابلانغان ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتتى.

«مەن قالاي، سىلەر ئاۋۋال مېڭىپ تۇرۇڭلار!» ۋۇ گوچياڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە خۇنەنگە قايتماي، كەسكىن ھالدا يۇقۇم ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولغان كەنتكە ئاتلىنىپ، شۇ جاينىڭ يۇقۇم ئەھۋالىنى تىزگىنلىشىگە ھەمكارلاشتى.

2014 - يىلى 7 - ئايدا، چېن شيەن ئەنخۇيدىن شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن تۇنجى ئايال ئادۋوكات بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىزاڭ چاڭدۇ شەھىرى كانو رايونىغا كەلدى. ئېگىز ھەم سوغۇق، ئوكسىگېن يېتىشمەيدىغان مۇھىتتا ئۇ باش ئەگمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە ئاتلاندى.

2014 - يىلدىن بۇيان، چېن شيەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭغا بېرىپ، چېگرا رايوندىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. بەزىلەر بۇنى چۈشەنمىدى، بىر ئادۋوكات نۇرغۇن كىرىم ۋە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، چوقۇم چوڭ غەربىي شىمالغا كېلىپ نېمىنى كۆزلىگەندۇ؟ دېيىشتى. «ھەر قېتىم ئاشۇ ياردەمسىز قالغان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇننىڭ ياردىمىدە قايتىدىن ئۈمىدكە تولغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈم تۆلىگەن بارلىق بەدەللىرىمنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن» دېدى چېن شيەن.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئىللىق تەبەسسۇم ئۈچۈن

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن كەتمەيدىغان تاتلىق كۈلۈمسىرىشىنى كۆرگەن كىشى بۇ «چېچىنى بىر تال بوغۇۋالغان» قىزنىڭ بىر يىل ئىلگىرى كالپۇك - تاڭلاي يېرىقى بار ئاغرىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

بۇ قىز 15 ياشقا كىرگەن رىيا دەمەت بولۇپ، ئۆيى قورغاستا، ئۇ تۇغما كالپۇك - تاڭلاي يېرىقى ئىدى. رىيا ئەينەككە قاراشقا پېتىنالمايتتى، ساۋاقداشلىرىنىڭ باشقىچە قاراشلىرىدىن تېخىمۇ قورقاتتى. «كىچىك ۋاقتىمدا باللار بىلەن ئويناشنى خالىمايتتىم، بىر قېتىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەن توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن ۋارقىرىشىپ قالدىم. ئەينى چاغدا ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۆۋەن كۆرۈپ، دائىم خۇشال بولالمايتتىم» دېدى رىيا.

رىيانىڭ دادىسى پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى، ئاپىسىنىڭ خىزمىتى يوق ئىدى. بۇ نامرات ئائىلە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئوپېراتسىيە ھەققىنى قانداقلا قىلسۇن چىقىرالمايتتى. بۇلتۇر 8 - ئايدا، «ئانىلار تەبەسسۇم ھەرىكىتى» قورغاس ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كالپۇك - تاڭلاي يېرىقىنى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشقا بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

رىيا ھاياجانلانغانلىقىدىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىدا «قىزىل جىلىتكە» كىيگەن بىر ئاچا ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن بىر بوتۇلكا سۇ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى ھەم باشتىن - ئاخىر ئۇنى باشلاپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، جەدۋەل توشقۇزدى، قان تەكشۈرتتى، كېسەل تەكشۈرتتى.

رىيا تارتىنىپ تۇرۇپ «قىزىل جىلىتكە»لىك ئاچىسىغا، ئۆزىنىڭ ئۇ كۈنلا رۇخسەت سورىغانلىقىنى، بالدۇرراق بېرىپ دەرس ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى، «قىزىل جىلىتكە»لىك ئاچىسى دەرھال دوختۇرنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەسىنى ئالدىغا سۈرۈشنى ماسلاشتۇردى. «ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭا تەسەللىي بېرىپ، مېنى ئوپېراتسىيەخانىغا ئۇزىتىپ قويدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بېشىم بىر ئاز قايغاندا، ئۇ مېنى ھەر كۈنى يۆلەپ يۈردى. مەن ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىمدا ئۇ ماڭا يەنە ياردەملىشىپ پويىز بېلىتى ئېلىپ بەردى، مېنى تاكسىغا چىقىرىپ قويدى.» رىيانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ بۇ ئاچىسىنىڭ ئۈندىدارىنى قوشۇۋالغان.

بۇ بىر يىلدا، ئۇلار ئۈندىدار ئارقىلىق ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئالاقىلىشىپ، بۇ ئاچا رىيانىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشىگە دائىم ئىلھام بەرگەن.

«ئاچا، مېنىڭمۇ پىدائىي بولغۇم بار، ماڭا ئوخشاش تېخىمۇ كۆپ كالپۇك - تاڭلاي يېرىقى بار باللارغا ياردەم قىلغۇم بار.» ئۇن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن رىيا ئۈندىداردىكى بۇ ئۇچۇرنى تەھرىرلەپ بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان پىدائىيلارنىڭ باش ماسلاشتۇرغۇچىسى گۇ چيۈيىغا ئەۋەتتى، گۇ چيۈيى دەل رىيا ئېيتقان «ئاچىسى» ئىدى.

«ئۇنداقتا بەك ياخشى بولغۇدەك، بىز مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قول تۇتۇشۇپ، تېخىمۇ كۆپ باللارغا ياردەم بېرەيلى.» گۇ چيۈيىنىڭ جاۋابى رىياغا تۇنجى قېتىم قىزىل جىلىتكە كىيگۈزۈپ، بىر پىدائىيغا ئايلاندۇردى.

پائالىيەت نەق مەيداندا، گۇ چيۈيىنىڭ ياردىمى بىلەن، رىيا ناھايىتى تېزلا پىدائىيلار خىزمىتىنىڭ باسقۇچلىرىنى پىششىق بىلىۋالغانىدى، «ئۇ تەرجىمان بولسا بولىدۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى ئارقىلىق ئاغرىقلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، ئۆزىنىڭ تەبەسسۇمىنى نامايان قىلىپ ئاغرىقلارغا ئىلھام بېرەلەيدۇ.» 18 ياشلىق گۇ چيۈيىنىڭ يەتتە قېتىم پىدائىي بولغان تارىخى بولۇپ، ئۇ «ئانىلار تەبەسسۇم ھەرىكىتى»گە ئەگىشىپ، ئىچكى موڭغۇل، يۈننەن قاتارلىق جايلارغا بارغان، شىنجاڭغا كېلىشىمۇ ئىككىنچى قېتىملىقى.

رىيا دېگەن بۇ سىڭلىسىنى تىلغا ئالغاندا، گۇ چيۈيى كۆڭلىدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولاتتى، «ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، ئۇ كۈلۈشنى ياخشى كۆرمەيتتى، دائىم چاچلىرىنىڭ پېشىنى تارتىپ ئارقىمىغا مۆكۈۋالاتتى. لېكىن مەن ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو ئاياللار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن بىر كېچىلىكتە، رىيانىڭ «ئانىلار تەبەسسۇم ھەرىكىتى»نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تاپقانىدى».

رىيا كىچىكىدىن تارتىپ ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇسسۇل ئۆگىنىپ، ئاچىسىغا ئوخشاش كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئۇسسۇل ئويناشنى ئارزۇ قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ دوختۇر بولۇپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە ياردەم بەرگۈسى بار.

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېلېكتروندۇق سودا كەسىپلەر باغچىسى، ئونسۇ ناھىيەسى ئەشيا ئوبوروتى يىغىش - تارقىتىش مەركىزى، ئونسۇ دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى كەسىپلەر باغچىسى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەگەرچى يېزىسى، بەشتوگمەن يېزىسى قاتارلىقلارغا بېرىپ، كارخانا سېخى، مەشغۇلات نەق مەيدانى، ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەم دېھقانلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر تەرەققىياتى، سودا ئەشيا ئوبوروت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ھەم تۈر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىكىنى سۈپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى يېشىللاشتۇرۇش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى سۈپەتلىك ماركا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تىرىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەلا سۈپەتلىك مېۋە بازىسى بەرپا قىلىش كېرەك. تەرەققىيات ئاساسى ياخشى، يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىشى، تېرىقچىلىقنى قېلىپلاشتۇرۇشنى قوللاپ، يېتەكلەپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تارقاق ئىشلەپچىقىرىشنى چوڭ بازار بىلەن ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ پايدا ئېلىشىنى، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەۋقەنى رايون بايلىقى، كەسىپ ۋە مەھسۇلات ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، «خۇڭچېپۇ» قاتارلىق كۆزنى چاقنىتىدىغان رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ماركىلارنى يارىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش ۋە دەرىجىگە ئايرىش، ئوراش - قاچىلاش، ساقلاش - توشۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، «باشقىلاردا يوقى بىزدە بار، باشقىلاردا بارىنىڭ بىزدە ئەلاسى بار، باشقىلاردا ئەلاسى بولسا بىزدە ئالاھىدىسى بار» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېلېكتروندۇق سودا، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش - يەتكۈزۈش، سوغۇق زەنجىر ترانسپورتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىشتىكى «بىر تور» ۋە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىشتىكى «بىر سودا مەركىزى»نى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتىكى پۈتۈن كەسىپلەر زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېشىل ئوغۇت ئىچىتىپ ياساش ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى پائال كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىلغار تېخنىكىسىنى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»غىچە ئۇزارتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزىلارنى سۆيىدىغان، دېھقانلارغا رىشتە باغلىغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش ۋە قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك.